# ستالىننىڭ شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى رەئىسى ئەلىخان تۆرىنى « ئوغرىلاپ كېتىش» سىرى(1)

(4تومluق «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ئومۇمىي تارىخى»دىن پارچىلار)

نەبىجان تۇرسۇن ( تارىخ پەنلىرى دوكتورى)

شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى رەئىسى ئەلىخان تۆرە 1946-يىلى 6-ئىيۇن كۈنى 11 ماددىلىق بىتىم رەسمىي ئىمزالىنىش بىلەن ئۇزۇن ئۆتمەي، غۇلجىدىن غايىپ بولدى. ئەلىخان تۆرە قانداق شەكىلدە ۋە نېمە ئۈچۈن غايىپ بولدى ۋە ياكى ستالىن ئادەملىرى تەرىپىدىن ئېلىپ كېتىلدى؟ بۇ ھەقتە تۈرلۈك قاراشلار ۋە پەرەزلەر تارقىلىپ كەلدى. ئەلىخان تۆرىنىڭ غۇلجىدىن غايىپ بولۇشى ھەققىدىكى غەيرى رەسمىي مەلۇماتلار، يەنى ئەسلىمە ۋە كۆرگەن-بىلگەن ئۈچۈرلار يەنىلا بۇ سىرنى ھەقىقىي يېشىپ بېرەلمەيدۇ، بۇنى پەقەت سوۋېت ئىتتىپاقى دۆلەت بىخەتەرلىك ساھەسىنىڭ مەخپىي ھۆججەتلىرىلا يېشىدۇ. خالاس. يەنە بىر تەرەپتىن بۇ جەرياننى ئەڭ ئېنىق بىلگۈچى ئەلىخان تۆرىنىڭ ئۆزىدۇر .لېكىن شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، موسكۋانىڭ ئەينى ۋاقىتتا ئۇنىڭ ھەققىدە قانداق قارار ئالغانلىقى، قانداق پىلانلارنى تۈزگەنلىكى ئۇنىڭ ئۆزىگىمۇ ئايدىڭ بولۇشى ناتايىن. ئەلىخان تۆرىنىڭ ئېلىپ كېتىلىشى ھەقىقەتەن موسكۋادىن بىۋاستە ئورۇنلاشتۇرۇلغان ھەم ستالىن ، مولوتوف،بېرىيا قاتارلىقلار خەۋەردار بولغان بىر مەخپىي ئوپېراتسىيەسىدىن ئىبارەت ئىدى. قىزىق نۇقتا شۇكى شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئەينى ۋاقىتتا ئۆز رەئىسى غۇلجىدىن غايىپ

بولسىمۇ، ھەتتا كېيىنرەك ستالىنىنىڭ ئۆزى « ئوغرىلاپ كەتكەنلىكى»نى بىلگەن بولسىمۇ، بىراق بەربىر سۈكۈت قىلىپ يۈرۋەرگەندى.
شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى رەئىسى ئەلىخان تۆرىنىڭ غۇلجىدىن ئېلىپ كېتىلگەن كۈن ھەققىدە ئوخشىمىغان چىسلالار مەۋجۇت بولغاندىن تاشقىرى يەنە ئۇنىڭ قانداق ئېلىپ كېتىلگەنلىكى ھەققىدىمۇ ھەر خىل ئۇچۇرلار بار. ئەلىخان تۆرىنىڭ ئوغلى بۇ كۈننى 1946-يىلى، 13-ئىيۇن كۈنى دەيدۇ(1). ئەمما غۇلجىدىكى 2- دومغا جايلاشقان سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىدە تۇرۇشلۇق ئالى ھەربىي-سىياسىي مەسلىھەتچى گېنېرال مايور ۋلادىمىر يېگناروفنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى رەھبەرلىرىگە يوللىغان مۇتلەق مەخپىي دوكلاتىدىن ئاشكارىلىنىشىچە، ئەلىخان تۆرە 1946-يىلى، 16-ئىيۇن كۈنى كەچتە غۇلجىدىن ئايرىلغان بولۇپ، ئۇ شۇ كۈنى غۇلجىدىن قورغاسقا، ئارقىدىن ئالمۇتاغا ۋە تاشكەنتكە بارغان(2). مەزكۇر ھۆججەت رۇسىيە فېدېراتسىيەسى دۆلەت ئارخىپخانىسىدىكى 9401- فوندناملىق مەخسۇس سوۋېت ئالى رەھبەرلىرى يوسىف ستالىن، ۋىچېسلاۋ مولوتوف، لاۋرېنتىي بېرىيا ۋە باشقىلارنىڭ خەت چەكلىرى، بۇيرۇقلىرى، سىياسىي بيۇرونىڭ قارارلىرى ۋە باشقىلار ساقلىنىدىغ انمەخسۇس فوندتا ساقلانغان بولۇپ، بۇ ھۆججەتلەرنىڭ بىر قىسمى 1994-يىللاردىن كېيىن مەخپىيەتلىكى بىكار قىلىنغان. مەزكۇر فوندتىكى « ستالىنىنىڭ ئالاھىدە پاپكىسى»، « مولوتوفنىڭ ئالاھىدە پاپكىسى»، « بېرىيانىڭ ئالاھىدە پاپكىسى» ناملىق مەخسۇس خالتىلاردا شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىگە ئائىت مەخپىي ھۆججەتلەر جايلاشتۇرۇلغان. بۇ ھۆججەتنىڭ مەزمۇنى بىلەن 2016-يىلى تونۇشقانىدىم. تۆۋەندىكىسى ھۆججەتنىڭ رۇسچە نۇسخىسىدىن ئەسلى مەزمۇنى ۋە ئۇسلۇبى ساقلانغان ھالدا ئۇيغۇرچە تەرجىمە قىلىشىمدۇر.

# ئەلىخان تۆرىنىڭ ئېلىپ كېتىلىش جەريانىغا ئائىت مۇتلەق مەخپىي هۆججەت

ئەلىخان تۆرىنىڭ ئېلىپ كېتىلىش جەريانى غۇلجىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىي ھەربىي-سىياسىي مەسلىھەتچىسى، يەنى « 2-دوم»نىڭ باشلىقى گېنېرال ۋلادىمىر ستېپانوۋىچ يېگناروف(3)تەرىپىدىن موسكۋاغا، يەنى سوۋېت ئىتتىپاقى ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى سېرگېي كرۇگلوف ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرى ۋىكتور اباكۇموفقا تولۇق ۋە تەپسىلىي مەلۇم قىلىنغان بولۇپ، مەزكۇر مۇتلەق مەخپىي هۆججەتتىن ئاشكارىلىنىشىچە، ئەلىخان تۆرىنى ئەشۇ گېنېرال ۋلادىمىر ستېپانوۋىچ يېگناروف ئۆزى بىۋاستە 16-ئىيۇن كۈنى قورغاسقا ئېلىپ بارغان.ئەلىخان تۆرە ئارقىدىن ئالمۇتاغا، ئالمۇتادىن تاشكەنتكە ئېلىپ بېرىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان. مەخپىي هۆججەتتىن قارىغاندا ئەلىخان تۆرىنى تاشكەنتكە ئورۇنلاشتۇرۇش ئوپېراتسىيەسى سوۋېت ئىتتىپاقى ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى گېنېرال پولكوۋنىك سېرگېي كرۇگلوف بىلەن دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرى گېنېرال پولكوۋنىك ۋىكتور ئاباكۇموف تۈزۈپ چىققان پىلان بويىچە ئورۇندالغان بولۇپ، بۇ، غۇلجىدىكى گېنېرال مايۇر يېگناروفنىڭ ئۆز ئالدىغا ئەمەلگە ئاشۇرغان ھەرىكىتى ئەمەس . ئەھۋالدىن قارىغاندا مەزكۇر پىلاندىن ھەتتا ستالىن، مولوتوف ۋە بېريا قاتارلىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىي رەھبەرلىرىمۇ خەۋەردار بولغان. هۆكۈم قىلىشقا بولىدۇكى، بۇ ئوپېراتسىيە بىۋاستە ستالىن، مولوتوف ۋە بېريانىڭ تەستىقىدىن ئۆتكەن. ئەنە شۇ سەۋەبتىن 1946-يىلى، 17- ئىيۇن كۈنى گېنېرال ۋلادىمىر ستېپانوۋىچ يېگناروف سوۋېت ئىتتىپاقى ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى ، گېنېرال پولكوۋنىك سېرگېي نىكىفوروۋىچ كرۇگلوف (4 )ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرى، گېنېرال پولكوۋنىك ۋىكتور سېمېيونوۋىچ ئاباكۇموف ( 5) نىڭ نامىغ اھەم شۇلار ئارقىلىق ستالىن، مولوتوف ۋە بېريانىڭ نامىغا ئەلىخان تۆرىنىڭ ئېلىپ كېتىلگەنلىكىنى دوكلات قىلىپ مۇنداق مەلۇمات يوللىغان؛

« مۇتلەق مەخپىي .ئالماتادىن، سوۋېت ئىتتىپاقى ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكى، يولداش كرۇگلوفقا، يولداش ئاباكۇموفقا:
بۇ يىل 16-ئىيۇن كۈنى ئەلىخان تۆرە شاكىرخوجايېف ( سابىق شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى رەھبىرى) بىۋاستە مېنىڭ ئۆزۈم تەرىپىدىن قورغاسقا ئېلىپ كېتىلدى ۋە بۇ يىل 17-ئىيۇن كۈنى كېچىدە مۇزىپوفنىڭ ( قىرغىزىستان سوۋېت سوتسىيالىستىك ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى دۆلەت بىخەتەرلىك كومىتېتى خادىمى) ھەمراھلىقىدا ئالماتاغا كېتىپ بارماقتا. بۇ ھەقتە قوشۇمچە تەپسىلىي مەلۇمات يەتكۈزىمەن. قازاقىستان سوۋېت سوتسىيالىستىك ئىتتىپاق جۇمھۇرىيىتى دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرلىكىدىكى يولداش بېزوفغا ۋە ئۆزبېكىستان سوۋېت سوتسىيالىستىك ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتىدىكى يولداش باسكوۋقا كۆرسەتمە بېرىشىڭلارنى ئۆتۈنىمەن. :00554. يېگناروف»(6 )
مەزكۇر مەلۇماتنىڭ ئاستىغا:«يولداش ستالىن، يولداش مولوتوف،يولداش بېرىياغا ئەۋەتىپ بېرىلدى» (7 )دېگەن سۆز يېزىلغان بولۇپ، بۇ جۇملە مەزكۇر مەلۇماتنىڭ يۇقىرىدىكى 3 سوۋېت ئالىي رەھبىرىگىمۇ يەتكۈزۈلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭدەك بۇ مەلۇمات 17-ئىيۇن كۈنى مۇزىپوف ئەلىخان تۆرىگە ھەمراھ بولۇپ، قورغاستىن ئالمۇتاغا كېتىۋاتقان ۋاقتىدا يوللانغان ئىدى.
مۇزىپوفنىڭ تولۇق ئىسمى گابىت مۇزىپوف بولۇپ، ئۇ باشقۇرت مىللىتىدىن كېلىپ چىققان.1930-1933-يىللىرى ئارىسىدا باشقۇرتىستاندىن قىزىل ئارمىيەگە قاتنىشىپ، ئوتتۇرا ئاسىياغا كەلگەن ۋە قىرغىزىستانىنىڭ قاراقول شەھىرى، ئۇشىنىڭ قەشقەر بىلەن چېگرىداش گۈلچە قاراۋۇلخانىسىدا سوۋېت ئىتتىپاقى دۆلەت بىخەتەرلىك كۈچلىرىنىڭ ئوفىتسېرى سۈپىتىدە خىزمەت قىلغان. قاراقولدا ئۆيلىنىپ، ئىككى پەرزەنتلىك بولغان. ئۇ ، يەرلىك ئۇيغۇر، قىرغىز ۋە ئۆزبېك تىللىرىنى ياخشى بىلەتتى. مۇزىپوف قىرغىز سوۋېت سوتسىيالىستىك ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى ن ك ۋ د سى، يەنى ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارىياتىنىڭ خادىمى مەزگىلىدە 1937-يىلى ئاقسۇغا تاشلانغان ۋە ئاقسۇدا «ئىستانبۇللۇق ئالى ئەپەندى» دېگەن نام بىلەن 1942-يىللارغىچە سودىگەر قىياپىتىدە جاسۇسلۇق ھەرىكەتلىرىدە بولغان. ئۇ، ئىسھاقبەك كوماندىرلىقىدىكى ئوش-نارىن ئەتراپىدا ھەرىكەت قىلغان « بۆيگۈ»نامى

ئاستىدىكى مەخپىي گۇرۇپپىنىڭ ئوفىتسېرلىرىدىن بىرى سۇپىتىدە 1944-يىلى، 12-ئاينىڭ ئاخىرى ئىلىغا كېلىپ، سۇيدۈڭ ، كۇرەدىكى جەڭلەرگە، ئارقىدىن ئىلى ئەتراپىدىكى جەڭلەرگە قاتناشقاندىن كېيىن شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىقىدا مەسلىھەتچى بولۇپ، بىخەتەرلىك ئىشلىرىنى تۇتقان . ئۇنىڭ غۇلجىدا قوللانغان ئىسمى ئەلى مەمەدوف، ئۇيغۇرچە -تاتارچە ئارىلاش سۆزلەيدىغان پودپولكوۋنىك ئۇنۋانىدىكى بۇ كىشى ئادەتتە «ئەلى ئەپەندى»دېيىلەتتى. غۇلجىدىكى كىشىلەر ئۇنى ئۇيغۇر دەپ چۈشىنەتتى، ئۇ غۇلجىدا 2-دومدىكى گېنېرال يېگناروفقا بىۋاستە بويسۇنىدىغان سوۋېت ئىتتىپاقى بىخەتەرلىك خادىمى بولۇپ، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ رازۋېتكا، ئىچكى ۋە تاشقى بىخەتەرلىك ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغانىدى(8).

دېمەك ئەلىخان تۆرىنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئېلىپ كېتىش مەخپىي ئوپېراتسىيەسىگە گېنېرال يېگناروفنىڭ ئۆزى يېتەكچىلىك قىلىش بىلەن بىرگە يەنە 2-دومغا قارايدىغان مۇزىپوف ، يەنى ئەلى ئەپەندى قاتنىشىپ، ئەلىخان تۆرىگە ھەمراھ بولۇپ، ئۇنى قورغاستىن ئالمۇتىغا يەتكۈزۈش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىغان. ۋاھالەنكى، بۇ ئوپېراتسىيەدە گېنېرال يېگناروفنىڭ ئۆزى بىۋاستە ئەلىخان تۆرىنى ئۆز ماشىنىسىغا ئولتۇرغۇزۇپ، ئۇنىڭغا ھەمرا بولۇپ ماڭغان بولسا، ئەلىخان تۆرە ھۇسەيىن غازىغا كېيىن سۆزلەپ بەرگەندەك قورغاسقا ماڭغان يول ئۈستىدە يەنە بىر ماشىنا ئۇلارغا قوشۇلۇپ ماڭغان.ئېھتىمال مانا شۇ يولدىن قوشۇلغان ماشىنىدا مۇزىپوف، يەنى ئەلى ئەپەندى ئولتۇرغان ئىدى. يەنە باشقا ئۈچۈرلارغا قارىغاندا قورغاسقىچە ئەلىخان تۆرە ئولتۇرغان ماشىنىغا ھەمراھ بولۇپ ماڭغان يەنە بىر ماشىنىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىقىدا تۇرىدىغان يەنە بىر خادىمى ، پودپولكوۋنىك پېتىر ئىۋانوۋىچ ساۋېن، يەنى « زاكىر تۆرە»مۇ بار ئىدى. زاكىر قىرغىزىستاننىڭ قاراقول شەھىرى يېنىدىكى پوكروۋكا يېزىسىدا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان.ئۇيغۇر، ئۆزبېك، قىرغىز تىللىرىنى ياخشى بىلگەن، 1930-يىللاردا ئافغانىستاندا ۋە ئۇيغۇر دىيارىدا مەخپىي خىزمەت قىلغان، سوۋېت-گېرمان ئۇرۇشى مەيدانىدا مەخسۇس ئارقا سەپ رازۋېتكىسى بىلەن شۇغۇللانغان كىشى ئىدى(9) .

مىللىي ئىنقىلاب قاتناشقۇچىسى ھاكىم جاپپار ئۆزىنىڭ 1980-يىللاردا يازغان ئەلىخان تۆرە ھەققىدىكى مەخسۇس ماقالىسىدە ئەلىخان تۆرىنىڭ 1946-يىلى،13-ئىيۇل كۈنى سوۋېت خادىملىرى 2-دومدىن ئېلىپ كەتكەنلىكىنى يازىدۇ. ۋاھالەنكى، ئۇ ئەسلىدە 13-ئىيۇن دېمەكچى بولۇپ، بۇ سۆز خاتا ھالدا ئىيۇل دەپ يېزىلىپ قالغان، چۈنكى ئۇنىڭ بايان قىلىشىچە، 1946-يىلى،12-ئىيۇن كۈنى كەچتە ئەلىخان تۆرىنىڭ ئىككى مۇھازىپىزەتچىسى سۇنۇر مۇنىر بىلەن ئالائىدىن ئىمىر ئەلىخان تۆرى بىلەن 2-دومغا بارغان.ئۇلار سىرىتتا ساقلاپ تۇرغان، ئەمما شۇ ۋاقىتتا 2-دومدىن بىر خادىم چىقىپ ئەلىخان تۆرىنىڭ مۇشۇ يەردە قالىدىغانلىقى ،ئۇلارنىڭ قايتىپ كېتىشىنى بۇيرۇق قىلغاندىن كېيىن ئۇلار قايتىپ كەتكەن . 13-ئىيۇل كۈنى سوۋېت بىخەتەرلىك خادىملىرىدىن ئەلى ھامىدوف، ئىسكەندەر، يەنى ئىۋان ئىۋانوۋىچ ئىۋانوف زاخار كۈزنېتسوۋتىن ئىبارەت ئۈچ كىشى ئەلىخان تۆرىنى « قورغاستا ئۆزبېكىستان بىرىنچى سېكرېتارى ئوسمان يۇسۇپوف سىز بىلەن كۆرۈشمەكچى» دەپ «زىس »ماشىنىسىغا ئولتۇرغۇزۇپ سوۋېتكە ئېلىپ كەتكەن (10).
ھاكىم جاپپار ئەلىخان تۆرىنى ئەلى ھامىدوف بىلەن زاخار كۈزنېتسوف ماشىنىغا ئولتۇرغۇزۇپ ئېلىپ كەتكەن دېيىشى تەسسادىپىي ئەمەس .ئۇ ئېيتقان ئەلى ھامىدوف، دەل ئەشۇ ئەلى مەمەدوف، يەنى مۇزىپوفتۇر. زاخار كۈزنېتسوف، خاتا ئىسىم بولۇپ، بۇ دەل پېتىر ساۋىن، يەنى زاكىر تۆرە ئىدى.
شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىقى كونتېررازۋېكا بۆلۈمىدىكى يەنە باشقا بىر قانچە ئۇيغۇر ئوفىتسېرلارمۇ بۇ ئوپېراتسىيەگە قاتناشتۇرۇلغان بولۇپ، ئۇلار قورغاسقىچە بىرگە بارغان. ئېھتىمال بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەلىخان تۆرىنىڭ ساق-سالامەت چېگرادىن ئۆتكۈزۈلۈشتىكى بىخەتەرلىكنى قوغداشقا ئاجرىتىلغان بولۇشى مۇمكىن.ئەشۇ ھەرىكەتكە قاتناشقان، كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى قازاقىستاندىكى ئۇيغۇرشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ تەتقىقاتچىسى، تارىخشۇناس مەرھۇم رىشات سابىتوفنىڭ ئېيتىشىچە، ئوپېراتسىيە ھەربىي بۇيرۇق بويىچە ئىنتايىن مەخپىي ئورۇندىلىدىغان بولغاچقا ئۇلار قانداق ۋەزىپە ئۆتەيدىغانلىقىنى ئېنىق بىلمىگەن

ۋە ئۇلاردىن مەخپىيەتلىكنى قاتتىق ساقلاش ھەققىدە تىل خېتى ئېلىنغان ئىدى (11).

يېگناروف شۇ كۈنى يەنە بۇ مەلۇماتقا قوشۇمچە ئەلىخان تۆرىنىڭ ئېلىپ كېتىلىشى جەريانى ھەققىدە تەپسىلىي قوشۇمچە دوكلات يوللىغان بولۇپ، بۇ دوكلات ««554-نومۇرلۇق قوشۇمچە» دەپ ئاتالغان. بۇ قوشۇمچە مەلۇماتتىن ئەلىخان تۆرىنىڭ قانداق كەتكەنلىكى ۋە تاشكەنتكە كېتىشتىن ئىلگىرى كىملەر بىلەن بىلەن سۆزلەشكەنلىكى ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك مۇتلەق مەخپىي ئەھۋالنى چۈشىنىش مۇمكىن. قوشۇمچە دوكلاتتا:

« مۇتلەق مەخپىي، ئالماتادىن سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيەتلەر ئىتتىپاقى ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكى ، يولداش كرۇگلوفقا، يولداش ئاباكۇموفقا،

554-نومۇرلۇققا قوشۇمچە.

1. سىلەرنىڭ ئەلىخان تۆرە شاكىرخوجايېفنى ( سابىق شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى رەئىسى) ئېلىپ كېتىش ھەققىدىكى كۆرسەتمەڭلارنى تاپشۇرۇپ ئېلىشىم ئىسھاقبېك مونونوفنىڭ ( شىنجاڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئەزاسى) يولداش يۈسۈپوفنىڭ ۋەكىلى توختابايېفنىڭ ھەمراھلىقىدا ئايروپىلان بىلەن ياركەنتكە يېتىپ كېلىشىگە توغرا كەلدى. مونۇنوف ۋە توختابايېفنىڭ يېتىپ كېلىشىنى شاكىرخوجايېفنى سىلەرنىڭ كۆرسەتمەڭلارنىڭ بىرىنچى ۋارىيانتى بويىچە ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن پايدىلىنىش قارار قىلىندى» (12)دېمەك، قوشۇمچە دوكلاتنىڭ باش قىسمىدىكى بۇ بايانلاردىن مەلۇم بولدىكى ئەلىخان تۆرىنى ئېلىپ كېتىش ھەققىدىكى كۆرسەتمىنى كرۇگلوف ۋە ئاباكۇموف بەرگەن بولۇپ، ئەلىخان تۆرە مەسىلىسىگە ئائىت كۆرسەتمىدە بىر قانچە خىل ۋارىيانت كۆرسىتىلگەن بولۇپ، بۇ ۋارىيانتنىڭ بىرىنچىسى ئۇنى ئېلىپ كېتىش بولغان. ئەمما قولىمىزدا مەزكۇر كۆرسەتمەنىڭ نۇسخىسى بولمىغانلىقى ئۈچۈن كۆرسەتمىدىكى تەپسىلىي پىلانلارنىڭ قانداق ئىكەنلىكى بىزگە نامەلۇم. بۇ كۆرسەتمە، يەنى ئەلىخان تۆرىنى ئېلىپ كېتىشكە ئائىت كۆرسەتمە دەل 1946-يىلى، 15-16-ئىيۇندا بېرىلگەن بولۇپ،دېمەك ئەلىخان تۆرىنى ئېلىپ كېتىشمۇ شۇ كۈنلەردە موسكۋا تەرىپىدىن چىقىرىلغان قاراردىن ئىبارەتتۇر.

ئەلىخان تۆرىنى ئېلىپ كېتىشكە ئائىت قوشۇمچە تەپسىلىي دوكلاتتا داۋاملىق تۇردە :«مونۇنوف تاشكەنتتە ئۆزىنىڭ يولداش يۇسۇپوف بىلەن بولغان ئۇچرىشىشىدا يۇسۇپوفنىڭ خەلق پارتىيىسىنىڭ نىزامنامىسى ۋە پروگراممىسىغا ئائىت تەشەببۇسلىرىنى ئۇنىڭ بىلەن ( مونۇنوف بىلەن) مۇزاكىرە قىلىدىغانلىقى ھەققىدە ئالدىن ئاگاھلاندۇرۇلغان ئىدى. مونۇنوف ئۆزىنىڭ لاياقەتسىزلىكىنى نەقىل كۆرسىتىپ، يولداش يۇسۇپوفنىڭ تەشەببۇسلىرىنى رەت قىلدى ۋە ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ يېقىن ياردەمچىسىنى بۇ مەسىلىنى شاكىرخوجايېف بىلەن ھەل قىلىش ئۇچۇن ئەۋەتىشنى تەۋسىيە قىلدى. نەتىجىدە، يولداش يۇسۇپوف بۇ تەۋسىيەگە قوشۇلۇپ، شاكىرخوجايېفنىڭ يېتىپ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرغان تاختابايېفنى ئايروپىلان بىلەن ياركەنتكە ئەۋەتتى»دېيىلگەن(13) .

بۇ بايانىدىن ئىسھاقبېك مۇنونوفنىڭ بۇ ئارىلىقتا تاشكەنتكە بېرىپ، يۇسۇپوف، يەنى ئۆزبېكىستان كومپارتىيەسى بىرىنچى سېكرېتارى ئوسمان يۇسۇپوف بىلەن كۆرۈشكەنلىكى شۇنىڭدەك بۇ كۆرۈشۈشتە ئوسمان يۇسۇپىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا پائالىيەت قىلىدىغان « خەلق پارتىيەسى»نىڭ نىزامنامىسى ۋە پروگراممىسىنى مۇزاكىرە قىلماقچى بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئىسھاقبېكنىڭ بۇ پارتىيە نىزامنامىسىنى مۇزاكىرە قىلىشتا ئۆزىنىڭ لاياقىتى توشمايدىغانلىقى، بەلكى سىياسىي بىلىمى يەتمەيدىغانلىقى ۋە ياكى بۇ ئىشقا رەھبەرلىك قىلىشقا لاياقەتسىزلىكىنى چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق بۇ مەسىلىنى مۇزاكىرە قىلىشنى رەت قىلغان. ئۇ بۇ مەسىلىنى ئەلىخان تۆرىنىڭ ئۆزى بىلەن مۇزاكىرە قىلىشنى ، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆسمان يۇسۇپوفنىڭ ئۆزىنىڭ ۋەكىللىرىدىن بىرەرنى ئەلىخان تۆرە بىلەن مەخسۇس سۆھبەتلىشىشكە ئەۋەتىشنى تەۋسىيە قىلغاندىن كېيىن ئوسمان يۇسۇپوف ئۆز ياردەمچىلىرىدىن بىرى، يەنى ۋەكىلى توختىبايېفنى ياركەنتكە ئەۋەتكەن. ئەھۋالدىن قارىغاندا توختىبايېف بىلەن ئىسھاقبېك ئايروپىلان تاشكەنتتىن ياركەنتكە، ئارقىدىن قورغاسقا بىرگە كەلگەندىن كېيىن ئۇ قورغاستا ئەلىخان تۆرىنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ قالغان، ئىسھاقبېك 16-ئىيۇن كۈنى غۇلجىغا قايتىپ كەلگەن. ئۇنداقتا ئىسھاقبېك قانداق بولۇپ، بۇ ۋاقىتتا تاشكەنتكە باردى ۋە ئوسمان يۇسۇپوف بىلەن كۆرۈشتى؟ دېگەن سوئال تۇغۇلۇشى تەبىئىي. شۇ نۇقتا ئېنىقكى، شۇ ۋاقىتتىكى مىللىي ئارمىيە مۇئاۋىن باش

قوماندانى ئىسھاقبېك مۇنونوف 1946-يىلى، 3-ئايدا جەنۇبتىكى قوراللىق پارتىزان قوشۇنلىرىنى تەرتىپكە سېلىپ مۇنتىزىملاشتۇرۇش ۋە جەنۇبتىكى ئىنقىلابىي قوراللىق ھەرىكەتكە رەھبەرلىك قىلىش ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق تاشقورغانغا ئەۋەتىلگەن.ئۇ تاكى 1946-يىلى، 13-ئىيۇنغىچە تاغارمىدا قوماندانلىق شتاب قۇرۇپ، پۈتۈن جەنۇبتىكى قوراللىق كۈچلەرگە قوماندانلىق قىلغان،ئەمما 1946-يىلى، 6-ئىيۇن كۈنى بىتىم تولۇق ئىمزالانغاندىن كېيىن بىتىمگە بويسۇنۇپ، بۇيرۇق بويىچە، ئېنىقراقى سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە جەنۇبتىكى قوراللىق قوشۇنلارنى تارقىتىش، قوراللىرىنى يىغىۋېلىپ، مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرىنى ئۆيلىرىگە قايتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرغان. 13-ئىيۇن كۈنى ئۇ بارلىق كوماندىرلارنى يىغىپ،يىغىن ئېچىپ بىتىم ئىمزالانغانلىقى ۋە جەنۇبتىكى ئىنقىلابىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقى ، بارلىق قورال ياراقلارنىڭ يىغىۋېلىنىپ، ئەسكەرلەرنىڭ ئۆيلىرىگە قايتۇرۇلىدىغانلىقىغا ئائىت ئورۇنلاشتۇرۇشلارنى قىلىپ بولۇپلا شۇ كۈنى تاشقورغان ئارقىلىق قايتىپ كەتكەن(14). ئۇ تاشقورغاندىن سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىسىغا كىرىپ غۇلجىغا قايتىش سەپىرىدە ئۇدۇل قىرغىزىستان، قازاقىستان سوۋېت سوتسىيالىستىك ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلىرى تېررىتورىيەسى ئارقىلىق غۇلجىغا قايتىپ كەلمەستىن بەلكى ئالدى بىلەن ئۆزبېكىستان پايتەختى تاشكەنتكە بېرىپ، ستالىن تەرىپىدىن شەرقى تۈركىستان ئىنقىلابىغا، جۈملىدىن جەنۇبتىكى قوراللىق كۈرەشلەرگە سىياسىي ۋە ھەربىي جەھەتتىن ياردەم كۆرسىتىشكە مەسئۇل قىلىنغان ئۆزبېكىستان كومپارتىيەسىنىڭ بىرىنچى سېكرېتارى ئوسمان يۇسۇپوف(15)بىلەن كۆرۈشكەن . بۇ ئېھتىمال 15-16- ئىيۇن كۈنلىرى بولۇپ، ئەنە شۇ كۆرىشىشتىن كېيىنلا ئۇ ئىلىغا چېگرىلىنىدىغان سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياركەنت شەھىرىگە ئايروپىلان بىلەن كەلگەن ئىدى.شۇ كۈنى يەنە غۇلجا شەھىرى كومېندانتى پودپولكوۋنىك ھۇسەيىن غازىمۇ گېنېرال يېگناروفنىڭ ئەلىخان تۆرىنى ئۆز ماشىنىسىدا ئولتۇرغۇزۇپ ئۇنىڭ بىلەن بىرگە 2-دومدىن كەتكەنلىكىنى كۆرگەن.(16)

## شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى رەئىسى ئەلىخان تۆرىنى ئېلىپ كېتىش مەخپىي ھەرىكىتىنىڭ تۆت رەھبىرى

1. ۋلادىمىر ستېپانوۋىچ يېگناروف ( 1903-1976). سوۋېت ئىتتىپاقى دۆلەت ئىچكى ئىشلار كومىسسارىياتى ۋە كېيىنكى دۆلەت ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىقى گېنېرال مايورى، باكۇدا تۇغۇلغان، مىللىتى رۇس، 1922-يىلىدىن ئېتىبارەن قىزىل ئارمىيەدە ۋە دۆلەت بىخەتەرلىك ساھەسىدە خىزمەت قىلغان. ئۇ تاكى 1938-يىلىغىچە تاشكەنتتە تۇرۇپ خىزمەت قىلغان ۋە كوماندىرلىق ۋەزىپىسىدە بولغان. ئۆزبېك تىلىنى ياخشى بىلگەن. 1943-1944-يىللىرى سوۋېت دۆلەت ئىچكى ئىشلار كومىسسارىياتىغا قاراشلىق قوشۇنلارنىڭ گېرمانىيە ئارمىيىسىگە قارشى رازۋېتكا باشقارمىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن ۋە 1944-يىلى، 12-ئايدا دۆلەت بىخەتەرلىك كومىسسارىياتىنىڭ مەخسۇس شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابىغا قول تىقىدىغان ۋە ياردەم كۆرسىتىدىغان « ئالاھىدە ھەرىكەت گۇرۇپپىسى»نىڭ باشلىقى سۈپىتىدە غۇلجىغا كېلىپ، 2-دومغا ئورۇنلاشقان. ئۇ جۇمھۇرىيەتنىڭ ھەممە ئىشلىرىغا قول تىققان شەخستۇر.



(ۋلادىمىر ستېپانوۋىچ يېگناروف)

يېگناروف ئەلىخان تۆرىنى ئېلىپ كېتىشنى بىۋاستە ئىجرا قىلغۇچى گېنېرال ئىدى. ئۇ1946 -يىلى، 6-ئاينىڭ 17-كۈنى، يەنى ئەلىخان تۆرە ئېلىپ

كېتىلىپ ئەتىسىلا غۇلجىدىن كېتىپ، تۈركمەنىستان جۇمھۇرىيىتى ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى بولغان. 1947-يىلى 9-ئايدا يەنە قورغاستا تۇرۇپ، تاكى 1949-يىلى، 9-ئايغىچە شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابىغا ئارىلاشقان، 1954-يىلى نىكىتا خرۇشېف تەرىپىدىن جازالىنىپ، گېنېراللىق ئۇنۋانى بىكار قىلىنىپ، بېسىم ئىچىدە ئۆتكەن ۋە 1976-يىلى موسكۋادا ئۆلگەن.

2. سېرگېي نىكىفوروۋىچ كرۇگلوف (1907-1977). رۇس، سوۋېت ئىتتىپاقى دۆلەت ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى، گېنېرال پولكوۋنىك ، 1945-يىلى، 12-ئايدا بېرىيانىڭ ئورنىغا دۆلەت ئىچكى ئىشلار كومىسسارى بولغان ۋە 1946-يىلى، 3-ئايدىن 1953-يىلىغىچە سوۋېت ئىتتىپاقى دۆلەت ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىق ۋەزىپىسىنى ئاتقۇرغان. ئۇ 1945-يىلى 12-ئايدىن 1949-يىلى،10-ئايغىچە بولغان ئارىلىقتىكى شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابىنىڭ ھەربىي-سىياسىي تەقدىرىگە بېرىيادىن كېيىن بىۋاستە چېتىشلىق بولۇپ، 2-دومدىكى بارلىق دوكلاتلارنى كرۇگلوفقا يوللايتتى. ئۇ، ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلارنىڭ ئاخىرقى تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئەربابلارنىڭ بىرى ئىدى.



( سېرگېي نىكىفوروۋىچ كرۇگلوف)

بېرىيا يوقىتىلىپ،خرۇشېف ھوقۇقنى ئالغاندىن كېيىن 1953-يىلى ئۇ بېرىيانىڭ قولچوماقلىرى سۈپىتىدە ۋەزىپىسىدىن ھەيدەلگەن شۇنىڭدەك

خرۇشېف ھەتتا 1959-يىلى ئۇنىڭ گېنېراللىق ئۇنۋانىنىمۇ بىكار قىلىۋەتكەن ھەم پارتىيەدىن قوغلاپ چىقىرىلغان، تۇرمۇشى قىيىن ئۆتكەن، 1977-يىلى پويىز يولىغا يىقىلىپ ئېچىنىشلىق ئۆلگەن.

3. ۋىكتور سېمېيونوۋىچ ئاباكۇموف (1908-1954). سوۋېت ئىتتىپاقى دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرى، گېنېرال پولكوۋنىك، رۇس. ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسى ھەربىي رازۋېتكىسىنىڭ باشلىقى شۇنىڭدەك 1946-1951-يىلى دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرى ئىدى.



(ۋىكتور سېمېيونوۋىچ ئاباكۇموف)

ئاباكۇموف 1946-1949-يىللىرى ئارىسىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابىغا مۇناسىۋەتلىك بارلىق ھەربىي-سىياسىي ئوپېراتسىيەلەر، مەخپىي قارارلاردىكى ھەل قىلغۇچ شەخس بولۇپ، ئۇنىڭ رۇخسىتىسىز ھېچقانداق ئىش ئەمەلگە ئاشمايتتى.  ئاباكۇموف ئەلىخان تۆرىنى ئېلىپ كېتىش، ئوسمان ئىسلامغا قارشى ھەرىكەت قوللىنىش، ئاخىرىدا ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلارنىڭ تەقدىرى بىلەن چېتىشلىق قارارلارنى چىقىرىشتا باش رولچى ئىدى. ئۇنىڭ پىلانلىرى ستالىن تەرىپىدىن تەستىقلىناتتى ۋە ياكى ئۇنىڭغا بىۋاسىتە دوكلات قىلىناتتى. ئۇ، نۇرغۇن ئاتاقلىق سوۋېت گېنېراللىرىنىڭ جېنىغا زامىن بولۇش بىلەن داڭلىقتۇر. ئاباكۇموف 1951-يىلى ستالىننىڭ ئۆزى تەرىپىدىن « چەتئەل  جاسۇسى »سۇيىقەستىدە قولغا ئېلىنىپ،1954-يىلى، لېنىنگرادتا ھەربىي سوت تەرىپىدىن ئۆلۈم جازاسى بېرىلىپ ، 46 يېشىدا ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن.

4. ئوسمان يۇسۇپوف (1901-1966). ئۆزبېك، تاشكەنتنىڭ يېڭى يول يېزىسىدا تۇغۇلغان، 1937-1950-يىلى ئۆزبېكىستان كومپارتىيەسىنىڭ بىرىنچى سېكرېتارى بولۇپ ئىشلىگەن.



(ئوسمان يۇسۇپوف)

ئۇ 1938-يىلى ئۇيغۇر يولداش ئاخۇنبابايېفنىڭ ئورنىغا ئۆزبېكىستان ئالى كېڭەشىنىڭ رەئىسى بولغان. ئۇ 1937-يىلى، ئۆزبېك كوممۇنىست رەھبەرلىرى ستالىن تەرىپىدى تازىلانغاندىن كېيىن بىرىنچى سېكرېتار بولۇپ ئەڭ ئۇزۇن تۇرغان كىشى ئىدى، 1950-يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى پاختىكارلىق مىنىستىر بولغان ۋە 1953-1954-يىللىرى ئۆزبېكىستان مىنىستىرلار كابىنېتىنىڭ رەئىسى بولغاندىن كېيىن خرۇشېف تەرىپىدىن ستالىن ۋە بېرىيانىڭ ئادەملىرى سۈپىتىدە ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغان. كېيىنكى ھاياتى تۆۋەن دەرىجىلىك ئەمەلدە، يەنى كولخوز ۋە سوفخوز رەئىسى بولۇپ، ئېتىبارسىز ھالدا ئىشلەپ، 1966-يىلى سىقىلىش ئىچىدە ئۆلگەن.

ئوسمان يۇسۇپوف 1944-1949-يىللىرىغىچە شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىنىڭ سياسىي ئىدېئولوگىيە خىزمەتلىرىنى ئېلىپ بېرىش، 1945-1946-يىللىرى جەنۇبتىكى، قەشقەر-يەكەندىكى ئۇرۇشلارغا

ياردەمچىلەرنى ئەۋەتىش، 1947-يىلى، يەنە غۇلجىغا مەخسۇس خادىملارنى ئەۋەتىش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغان. ئوسمان يۇسۇپوف، 1944-يىلى تاشكەنت ئەتراپىدا تەييارلانغان 300 كىشىلىك قوشۇندىكى ئۇيغۇر كوماندىرلارنى ئۆزى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارغا ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنىنى ئازاد قىلىش ھەققىدە تاپشۇرۇق بەرگەن. ئوسمان يۇسۇپوف ئەلىخان تۆرىنى تاشكەنتكە ئورۇنلاشتۇرۇشقا ۋە « شەرقىي تۈركىستان خەلق ئىنقىلابى پارتىيەسى»نى قۇرۇشقىمۇ بىۋاستە قول تىققان ئىدى. ئوسمان يۇسۇپوفنىڭ تېگى ئۇيغۇر ئىكەنلىكى ھەققىدىمۇ ئېيتىلىدۇ، ئەمما پاكىت يوق، لېكىن ئۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆز ئازادلىقىنى قولغا كەلتۈرۈشى ئۈچۈن قولىدىن كەلگەن ئىجابىي ياردەملەرنى كۆرسەتكەن دەپ باھا بېرىلىدۇ.

---


ئىزاھاتلار:

(1) ئەلىخان تۆرە ساغۇنى ، ئاسىلخان ئەلىخان تۆرە ئوغلى. تۈركىستان قايغۇسى. 2-قىسىم تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى. ئىستانبۇل. 2016-يىلى. 546-547-بەتلەر،ئەسەرنىڭ ئۆزبېكچە ئىستانبۇل نەشرى، 2012-يىلى. ئىستانبۇل.

(2) گ ئا ر ف. ف. ر-9401.س/چ. ئوپ.2، 211-D.137.L.208 ( رۇسىيە فېدېراتسىيەسى دۆلەت ئارخىپى. فوند. ر-9401. ئالاھىدە پاپكا 2. دېلو 137. ياپراق 208-211 ).

(3) ۋلادىمىر ستېپانوۋىچ يېگناروف ( 1903-1976). سوۋېت ئىتتىپاقى دۆلەت ئىچكى ئىشلار كومىسسارىياتى ۋە كېيىنكى دۆلەت ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىقى گېنېرال مايورى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدىكى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي-سىياسىي مەسلىھەتچى ۋەكىلى ئىدى(1944-1946 ۋە 1947-1949).

(4) سېرگېي نىكىفوروۋىچ كرۇگلوف (1907-1977). رۇس، سوۋېت ئىتتىپاقى دۆلەت ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى، گېنېرال پولكوۋنىك ، 1945-يىلى، 12-ئايدا بېرىيانىڭ ئورنىغا دۆلەت ئىچكى ئىشلار كومىسسارى بولغانىدى.

(5) ۋىكتور سېمېيونوۋىچ ئاباكۇموف، (1908-1954). شۇ ۋاقىتتا سوۋېت ئىتتىپاقى دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرى، گېنېرال پولكوۋنىك، رۇس. ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيەسى ھەربىي رازۋېتكىسىنىڭ باشلىقئىدى.-

(6) گارف. ف. ر-9401.س/چ. ئوپ.2، D.137.L.208-211( شۇ ئارخىپ ھۆججىتى)

(7) گ ئا ر ف. ف. ر-9401.س/چ. ئوپ.2، D.137.L.208-211( شۇ ئارخىپ ھۆججىتى)

(8) گابىت مۇزىپوف، يەنى ئەلى ئەپەندى كېيىن ئوشتا ياشاپ، 1980-يىلى ۋاپات بولغان ۋە مەخسۇس شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابى ھەققىدە كىتاب يازغان. مەن ئوغلى رېم مۇزىپوف بىلەن تونۇشۇش پۇرسىتىگە ئېرىشىپ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى ۋە خەت-چەكلىرىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولغاندىم.ئوغلى رېم مۇزىپوف كىچىك ۋاقتىدا ئاقسۇدا تۇرغاندى. ئۇ كىشى رۇسىيەنىڭ ياروسلاۋ شەھرىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپتە تارىخ ئوقۇتقۇچىسى بولغان ۋە دادىسىنىڭ ئەسەرلىرىنى نەشرگە تەييارلىغان. 2005-يىلى ۋاپات بولغان.

(9) پېتىر ساۋىن، يەنى زاكىر تۆرىنىڭ شەخسىي تەرجىمھالىغا ئۇچۇرلار ئەلى ئەپەندىنىڭ ئەسلىمىسىدىن ئورۇن ئالغان. كەسپىي سوۋېت رازۋېدكا خادىمى زاكىر تۆرە 1907-يىلى تۇغۇلۇپ، 1981-يىلى رۇسىيەنىڭ كراسنادار شەھرىدە ئۆلگەن.

(10) ھاكىم جاپپار. ئەلىخان تۆرە شاكىرخوجا. تارىخ بېتىنى ۋاراقلىغاندا. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى.2001-يىلى، ئۈرۈمچى. 187-188-بەت.

(11) رىشات سابىتوف بىلەن سۆھبەت. 2003-يىلى، 12-ئاي.

(12) گ ئا ر ف. ف. ر-9401.س/چ. ئوپ.2، D.68.L.242-245 ( رۇسىيە فېدېراتسىيەسى دۆلەت ئارخىپى. فوند. ر-9401. ئالاھىدە پاپكا2،دېلو 68. ياپراق 242-245.

(13) گ ئا ر ف. ف. ر-9401.س/چ. ئوپ.2، D.68.L.242-245 ( رۇسىيە فېدېراتسىيەسى دۆلەت ئارخىپى. فوند. پ-9401.ئالاھىدە پاپكا. 2. ياپراق 242-245).

(14) سەيپىدىن ئەزىز. «ئۆمۆر داستانى ».1-توم. 158-161-بەتلەر

(15) ئوسمان يۇسۇپوف (1901-1966). ئۆزبېك، شۇ ۋاقىتتا ئۆزبېكىستان كومپارتىيەسىنىڭ بىرىنچى سېكرېتارى بولۇپ ئىشلىگەن.

(16) ھۈسەيىن غازى. مەنزىلگە يېتەلمىگەن سەپەرلەر. بىشكەك، 196-بەت

Copy protected with Online-PDF-No-Copy.com